# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
28
شەنبە
维吾尔文 9月28日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24832 - سان بۈگۈن 12 بەت


فرانسىيەنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى شىراكنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرونغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

### لى كېچياڭ فرانسىيە زۇڭلىسى فىلىپقا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگ-**
**راممىسى** 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ فە-
رانسىيەنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى شىراكنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇنا-
سىۋىتى بىلەن فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرونغا تەزىيە تېلېگرامما-
سى ئەۋەتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن
سابىق زۇڭتۇڭ شىراكنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقىغا
چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، فرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن،
سابىق زۇڭتۇڭ شىراكنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن سەممىي ھال
سورىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇشى، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشى كېرەك

## لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ قاتناشتى



9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ قاتار-
لىقلار تەقدىرلەنگەن نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرىگە تەقدىرنامە بەردى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لىن فوتوسى



9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى
شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 27 -**
**كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار ياڭ ۋېيخەن،**
**ۋاڭ چى)** مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تە-
رەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى 9 - ئاينىڭ 27 -
كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي
ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قات-
ناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلە-
دى: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئا-
شۇرۇش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قول تۇتۇشۇپ،
مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش
قىلىشىغا موھتاج. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى
ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، پار-
تىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى ۋە مىللەت سىياسىتىنى
ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلى-
شىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قە-
لىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىيا-
تى ئىشلىرىنى ئۇل خاراكتېرلىك ئىش سۈپىتىدە چىڭ
تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئا-
نارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقى تې-
خىمۇ كۈچلۈك، ئۇيۇشۇش كۈچى تېخىمۇ زور
بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسگە قاراپ مېڭىشىغا
تۈرتكە بولۇپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق
قۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىش كېرەك.

**(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 - بەتكە بېرىلدى)**

يىغىنغا لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋاڭ ياڭ،
ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا يىغىن باشلان-
دى، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى دۆلەت شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى.

يىغىندا ئالدى بىلەن مەملىكەتلىك مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك كوللېك-
تىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر تەقدىرلەندى، 665 نە-
مۇنىلىك كوللېكتىپ، 812 نەمۇنىچى شەخس تەقدىر-
لەندى. شادىيانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ
قاتارلىقلار تەقدىرلەنگەن نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە
نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە تەقدىرنامە
بەردى.

قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، شى جىنپىڭ
مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن پارتىيە مەرك-
زىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن، تەقدىرلەن-
گەن نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر-
نى قىزغىن تەبرىكلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەت-
لەر خىزمىتى سېپىدىكى يولداشلاردىن، مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە
ئۇنى قوللىغان ھەرقايسى تەرەپلەردىكى زاتلاردىن سە-
ممىي ھال سورىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

خەلق گېزىتىدە «شۆەنيەن»نىڭ ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

## تومتۇماي ئۆركەشلەيدىغان ۋاقىت ئېقىمى

تەپسىلاتى 3 - بەتتە

مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتى

## «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى (1949 - يىلى 10 - ئاي ــ 2019 - يىلى 9 - ئاي)»نى تۈزدى

تەپسىلاتى 4 - بەتتە

## بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە

□ گېزىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى 5 - بېتىدىن 12 - بېتىگىچە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئالاھىدە سان بېرىلدى




ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 17 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، «ئۇلۇغ مۇساپە، شانلىق مۇۋەپپەقىيەت ــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي**
خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن
بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومى-
تېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بى-
يۇروسى يىغىنىنىڭ روھى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ
مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى قۇرۇل-
غانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىيا-
سىي بيۇروسىنىڭ 17 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنى-
شىدە، «ئۇلۇغ مۇساپە، شانلىق مۇۋەپپەقىيەت ــ
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70
يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەت-
لەر كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا قىلغان
مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى،
ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇ-
رۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو
يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى
شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى
يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كې-
ڭەشى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يى-
غىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى خەلق
سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسە-
تىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن
ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار
باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى
ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىي-
لەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تە-
رەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، خەلق
سىياسىي كېڭەشىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمى-
سىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)